دىققەتنى ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مەركەزلەشتۈرۈش

# جۇڭگو ھەربىيلەر كوماندىسى ۋۇخەن ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تۇنجى ئالتۇن مېدالىنى قولغا كەلتۈردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لىيۇ جىمېي، يۈ پېي)** 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلانغاندىن بۇيانقى تۇنجى مۇسابىقە كۈنىنى كۈتۈۋالدى. ئەرلەرنىڭ 25 مېتىر ئارىلىقتىن تاپانچا بىلەن ھەربىي ئىشلار تېز قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە 1 ـ ئاۋغۇست قارىغا ئېتىش كوماندىسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندا باشلىقى، قوشۇمچە تىرېنېرى جىن يۈڭدې باشلامچىلىقىدىكى جۇڭگو كوماندىسى كوللېكتىپ چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. بۇ، يەنە 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بارلىققا كەلگەن تۇنجى ئالتۇن مېدال.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن باشلانغان مۇسابىقىدە رىقابەت كەسكىن بولدى. 1 ـ گۇرۇپپىنىڭ مۇسابىقىسىدە، جۇڭگو كوماندىسىنىڭ پېشقەدەم ماھىرى شيې جېنشياڭ تەمكىن بولدى، فىرانسىيە ماھىرى گۇرۇپپا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. 2 ـ گۇرۇپپىنىڭ مۇسابىقىسى باشلانغاندىن كېيىن، جىن يۈڭدې تەمكىنلىك بىلەن ئېتىپ 583 ھالقىغا تەگكۈزدى، لېكىن ئۇكرائىنا ماھىرىنىڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك بولۇپ، سەككىز سېكۇنتلۇق تېز سۈرئەتتە ئېتىشتا بىرلا نومۇر كەتكۈزۈپ قويدى. 3 ـ گۇرۇپپىدا ئوق ئېتىلىپ مۇسابىقە باشلاندى، «95 ـ يىللىرى تۇغۇلغان» كىچىك ماھىر ياۋ جاۋنەن ئاجايىپ باتۇرلۇقنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىنقى ئون پايدا 97 ھالقىغا تەگكۈزۈشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. مۇشۇ پەيتتە، نەق مەيداندىكى چوڭ ئېكراندا تۇنجى قېتىم ئەمەلىي ۋاقىت ئومۇمىي نەتىجە رەت تەرتىپى كۆرۈندى، ئالدىنقى قاتارغا تىزىلغانلارنىڭ نومۇردىكى ئازغىنا ئومۇمىي نومۇر پەرقى نەق مەيداندا كەيپىياتنى بىردىنلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن ئالدىنقى ئۈچ كوماندىنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىدە باشتىن ـ ئاخىر پەرق چوڭايمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، شيې جېنشياڭ، جىن يۈڭدې، ياۋ جاۋنەندىن تەشكىللەنگەن جۇڭگو كوماندىسى 1747 ھالقىلىق ئومۇمىي نەتىجە بىلەن بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تۇنجى ئالتۇن مېدالىنى قولغا كەلتۈردى.

«تۇنجى پاي ئوق ئېتىلدى، تۇنجى ئالتۇن مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى.» مەركىزىي ھەربىي كومىتېت مەشىق باشقۇرۇش بۇسى ھەربىي ئىشلار تەنتەربىيە مەشىق مەركىزىنىڭ جېڭۋېيى ساۋ باۋمىن شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق بىلدۈردى: تەنھەرىكەتچىلەر ئېغىر ـ بېسىق، سالماق بولۇپ، ھەربىر پاي ئوقنى ئىنتايىن كەسكىن ئاتتى، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىنىڭ سىرى ۋەتەننى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش، مەڭگۈ يېڭىلمەسلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرغانلىقىدا.

ئەرلەرنىڭ 25 مېتىر ئارىلىقتىن تاپانچا بىلەن ھەربىي ئىشلار تېز قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ تۈرى ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قارىغا ئېتىش تۈرى بولۇپ، قىسىمنىڭ ئەمەلىي جەڭ مەشىقىگە يېقىنلاشقان، شۇنداقلا جۇڭگو كوماندىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېت مەشىق باشقۇرۇش بۇسى ھەربىي ئىشلار تەنتەربىيە مەشىق مەركىزىنىڭ 1 ـ ئاۋغۇست قارىغا ئېتىش كوماندىسىدىكى لى لىيا مۇنداق دېدى: ياۋ جاۋنەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك تەنھەرىكەتچى، بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە تۈرتكە بولىدۇ.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت مەشىق باشقۇرۇش بۇسى ھەربىي ئىشلار تەنتەربىيە مەشىق مەركىزىنىڭ 1 ـ ئاۋغۇست قارىغا ئېتىش كوماندىسى 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا رەسمىي تەشكىللىنىپ قۇرۇلغان، سابىق ھەربىي ئىشلار تەنتەربىيە ھەرىكىتى چوڭ ئەترىتى قارىغا ئېتىش كوماندىسى، سابىق گۇاڭجۇ ھەربىي رايونى قارىغا ئېتىش كوماندىسى، سابىق شېنياڭ ھەربىي رايونى قارىغا ئېتىش كوماندىسىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن قۇرۇلغان، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇسابىقىلەردە جەمئىي 1000دىن ئارتۇق ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. دۆلىتىمىزنىڭ قارىغا ئېتىش تەرەققىيات تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر قارىغا ئېتىش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ھەربىي قىسىملاردىن كەلگەن بولۇپ، «ئالدى بىلەن 1 ـ ئاۋغۇست كوماندىسى بارلىققا كەلگەن، ئاندىن دۆلەت كوماندىسى بارلىققا كەلگەن» دەيدىغان گەپ بار. 13 قېتىم دۇنيا رېكورتىنى بۇزغان دۇڭ شياڭيى، دۇنيا چېمپىيونى لى يامىن، ئولىمپىك چېمپىيونى لى دۇيخۇڭلارنىڭ ھەممىسى ئارمىيەمىزنىڭ قارىغا ئېتىش ئەزىمەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

# باش تېما تەربىيەسىنى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ داشۆ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ كۆزلەپ، شۆيۈەن، مەكتەپ ئىككى دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزۈپ، ئۆگىنىش ۋاقتى، ئۆگىنىش باش تېمىسى، مەزمۇن شەكلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تولۇق ئوقۇش، پىششىق ئوقۇش، تەتقىق قىلىپ ئوقۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بەلگىلەنگەن كىتاب ۋە ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى مەركەزلىك ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلىدى. مەكتەپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرى «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم»نى باش تېما قىلىپ، مول، رەڭدار، ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولغان باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتى، كىنو كۆرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزدى. «ئۆچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش»نىڭ كەسىپ ئۆگىنىش، كۆندىلىك تەربىيە، مەكتەپ مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بىلەن ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردى.

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلى سىفەن داشۆسى يېڭىدىن قۇرغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئومۇمىي ساۋات تەربىيە بازىسى ۋە قىزىل مەدەنىيەت كارىدورى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «توردا ئالقىشلانغان» چوقۇم بارىدىغان جايىغا ئايلاندى. «بىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 77 مەيدان سۆزلىدۇق، مەكتەپ ئىچى ـ سىرتىدىن جەمئىي 4000دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى كېلىپ ئۆگەندى، ئېكسكۇرسىيە قىلدى.» 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشەندۈرگۈچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ياڭ خۇيخۇي مۇنداق دېدى: چۈشەندۈرۈش جەريانىدا، پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى قانداق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتىم، مەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش غايە ـ ئېتىقادىمنى كونكرېت ھەرىكىتىمدە ئىپادىلەيمەن.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئىلى سىفەن داشۆسى دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەركەزلىك ئۆگىنىشى ۋە شەخسنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىنى ئۈنۈملۈك ياخشى تۇتۇپ، كىتاب ئوقۇش كۇرسى، قىزىل باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆگىنىش شەكلىدە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، «باشلامچى ياۋاغاز» ئۈنۈم ئېففېكتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى سۆزلەش، باش تېمىلىق دوكلات بېرىش، باش تېمىلىق سىنىپ يىغىنىغا قاتنىشىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرىنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە پائال يېتەكلىدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى باش تېما تەربىيەسىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەرگە قويغان تەلىپىگە ئاڭلىق سېلىشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات تەلىپىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى پۇت تىرەپ تۇرۇش ئاساسى قىلىپ، يېزا ئىگىلىكنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشنى ۋەزىپە قىلىپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا ئاتلىنىپ، باش تېما، ئاساسىي لىنىيەنى چۆرىدەپ چوڭ ئۆگىنىش، چوڭ مۇزاكىرە قىلىش، چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

## ■ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇش ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىش

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىنجاڭ داشۆ، شىخەنزە داشۆ، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭ كەسپىي داشۆسىگە جەم بولۇپ، ئوقۇتۇش، دەرسخانىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش، ئەمەلىيەت بازىلىرىدا زىيارەت قىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇشى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئورتاق تەتقىق قىلدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى.

بۇ، شىنجاڭ كەسپىي داشۆسىنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى تەدبىرلىرىنىڭ بىرى. باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان، تەكشۈرۈلگەن ـ كۆزىتىلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا، شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى دىققەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تەرەققىيات يىرىك پىلانى، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى بايلىقلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ماركسىزم شۆيۈەنىنى ئالدىن كاپالەتلەندۈردى، نۆۋەتتە مەكتەپ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇشىغا ۋە ئەمەلىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى باشقۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسىدىكى مۇھىم تېما قىلىپ، «ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۈنۈم ئىسلاھ قىلىش لايىھەسى (2019 ـ يىلدىن 2021 ـ يىلغىچە)»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭ سىفەن داشۆسى باش تېما تەربىيەسىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى نۇقتىلىق ماركسىزم شۆيۈەنى قاتارلىق ئالاقىدار شۆيۈەنلەرنىڭ پەن ۋە مۇتەخەسسىسلەر قوشۇنى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار يېتەكچىلىرى ۋە سىنىپ مەسئۇللىرىنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتتى. مەكتەپ ماركسىزم شۆيۈەنى، سىياسىي ـ قانۇن شۆيۈەنىنىڭ پەن ـ كەسىپلىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، مەكتەپ پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمى، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بۆلۈمى (باشقارمىسى)، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ كۈچىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق، «چوڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە» خىزمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، «دەرسلىك ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە»نى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىكى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ماسلىشىش ئۈنۈم ئېففېكتى شەكىللەندۈرۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈردى.

«ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم، مەن نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا تەشۋىق قىلىش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىمەن» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر داشۆ ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش شۆيۈەنى ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ شياۋيەن. قەشقەر داشۆ دىققەتنى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مۇھىم نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە «قوش باشلامچى» پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرىنى سەپلەش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ قانات يايدۇردى، مەكتەپ رەھبەرلىرى باشلامچىلىق بىلەن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى رەتلەپ، تېپىپ چىقىپ، پارتىيەنىڭ مەكتەپكە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، بۇ مەكتەپتىكى 14 شۆيۈەنگە «قوش باشلامچى» پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرى سەپلەندى.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ شيا، شيا چىڭ، ئەختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ساۋ يىگۇاڭ، چېن لۈبىن، نيۇ بىن، رېن خۇڭفاڭ يازغان)**

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى كۈنسېرى ئاشتى

□ كەلپىن ناھىيەلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇساتتار ئابلىز

مەن كەلپىندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىچىك ۋاقتىمدا ئائىلىمىز ۋە قوشنىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرى كېسەك تاملىق ئۆي ئىدى، ماڭىدىغان يولىمىزنىڭ ھەممىسى توپىلىق يول ئىدى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا يەيدىغىنىم زاغرا نان، ئىچىدىغىنىم قىرتاق تۇزلۇق سۇ بولۇپ، يازدا مەكتەپكە يالاڭ ئاياغ باراتتىم. پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيەلىشىدە، مەن ئىمتىھان بېرىپ داشۆگە ئۆتۈپ، بۈگۈنكى خىزمەت ئورنىغا ئېرىشتىم. شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى، تەشكىلنىڭ تەربىيەلىشى بولمىسا، مېنىڭ بۈگۈنۈم بولمايتتى.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، مەن پارتىيەنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم: كېسەك تاملىق ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرۇشقىچە، توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان توپىلىق يوللاردىن ھازىرقى ھەممە كەنتلەرگە ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇشقىچە، تېلېۋىزور كۆرەلمەسلىكتىن سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسى، ھەتتا تور تېلېۋىزىيەسىگىچە، كېسەل كۆرستىش قىيىن بولۇشتىن ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشكىچە... ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى كۈنسېرى ئاشتى.

شىنجاڭدا بۈگۈنكىدەك بۇنداق مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بولۇشى ــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ جاسارەت بىلەن جان تىكىپ ئىشلىشىنىڭ نەتىجىسى. بىزنىڭ كەلپىندىمۇ ھەرقايسى جايلارغا ئوخشاش غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، تۇرالغۇ، يوللارنىڭ كونا قىياپىتى يېڭىلاندى، قاتار ـ قاتار يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۆلچەملىك مەكتەپلەر ۋە يەسلىلەر قۇرۇلدى، كەنتتە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش، چېنىقىش ئەسلىھەلىرى بار بولدى، كەنت ئاھالىلىرى خاتىرجەم سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ئىشلار ئىدى، ھازىر ھەممىسى رېئاللىققا ئايلاندى، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تەرەققىياتنى كۆزلەپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇرۇلۇش قىلىشقا يېتەكلىدى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، تۈرلۈك ئىشلار كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسەلدى، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسىمىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىمەنكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ جېنى، كۈچى، ئۈمىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، دۆلەتنىڭ خاتىرجەملىكى بولمايدۇ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغىلىمۇ بولمايدۇ. پەقەت قەتئىي تەۋرەنمەي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىقتىسادنى تېز تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، تۇرمۇشىمىز ئاندىن بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ، شىنجاڭ ئاندىن بارغانسېرى گۈزەل، باي بولىدۇ.

مەن يۇرتۇمنى قىزغىن سۆيىمەن، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ھەر مىللەت خەلق ئورتاق كۆرەش قىلىۋاتقان مۇنبەت تۇپراقنى سۆيىمەن. مەن ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن جان تىكىپ ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ قوشىمەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماشىنىسازلىق قورال ـ جابدۇقلىرى ياسىمىچىلىقى ۋەكىللىكىدىكى كەسىپلەر توپى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، باغچە رايونىغا دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ 22سى، جۇڭگودىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ 40ى ماكانلاشتى.

ئىسلاھاتچىلار ئىلگىرىلەيدۇ، يېڭىلىق ياراتقۇچىلار قۇدرەت تاپىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېڭىلىق يارىتىش قوزغىتىش موتورى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن بەرپا قىلدى. 2010 ـ يىلدىن باشلاپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)نىڭ سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىپ كىرگۈزگەن مەبلىغى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىليارد يۈەنلىك ساپ ئېشىش سۈرئىتى بىلەن ئاشتى. ھازىر، بۇ رايوندا دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسىدىن 176سى بار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 29.38%نى ئىگىلەيدۇ؛ دۆلەت دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئورنىدىن ئۈچى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن ئالتىسى بار. بۇ يىل 40قا يېقىن مۇھىم، نۇقتىلىق تۈردە كېلىشىم ئىمزالىنىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)غا ماكانلاشتى، ئومۇمىي سوممىسى 62 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ.

تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى. ھازىر، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)دىكى 21 مەمۇرىي تەستىق تارمىقى مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، 723 تۈرلۈك مەمۇرىي تەستىق ۋە مەمۇرىي مۇلازىمەت ئىشلىرىنى چوڭ زالدا بېجىرىشكە بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىش تۈرىدىن 682سى، «بىر قېتىم قاتراشمۇ ھاجەتسىز» تۈرىدىن 419ى بولۇپ، ئىككى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

«شىنجاڭدىكى دۆلەت دەرىجىلىك 23 باغچە رايونى باغچە رايونىنىڭ تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئىسلاھاتى سالمىقىنى زورايتىپ، باغچە رايونىنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى ۋە ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ، باغچە رايونىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى باغچە رايونلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ خۇا.

2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دۆلەت دەرىجىلىك 23 باغچە رايونى ئىچىدىكى توققۇز ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئىشقا ئاشۇرغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 291 مىليارد 525 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 23.8%نى ئىگىلىدى؛ ئىشقا ئاشۇرغان سانائەت قوشۇلما قىممىتى 77 مىليارد 919 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 15.8%نى ئىگىلىدى.

## ■ كىرىش ئىشكى ئۆتكىلىنى ياخشى ساقلاش ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى قوزغىتىش، ئۇرغۇتۇش

«ئون نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، شىركىتىمىز ھازىر 27 مىڭ توننىلىق ئىسكىلاتتا ساقلاش ئومۇمىي مىقدارى، يىلىغا 7000 توننا نەشپۈت سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كۆلىمىنى شەكىللەندۈردى.» 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، كورلا جىنفېڭلى سوغۇق ساقلاش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى گو گۈيچىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: جىنفېڭلى ۋەكىللىكىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سوغۇق ساقلاش زەنجىرى ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرى ھازىر كورلا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا توپلاش ئېففېكتى شەكىللەندۈردى.

ھازىر، كورلا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا 2000دىن ئارتۇق كارخانا ماكانلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى تەرەققىيات رايونىدىكى ئەڭ چوڭ تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى.

بۇ يىل، شىنجاڭدىكى دۆلەت دەرىجىلىك باغچە رايونلىرى رايوندىكى كەسىپلەرنى توپلاپ، توپلاپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەش رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنى تەرەققىيات رايونىغا مەركەزلىشىشكە يېتەكلەپ، دۆلەت دەرىجىلىك باغچە رايونلىرىنىڭ كەسىپلەشكەن، خاسلاشقان، توپلاشقان تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، باغچە رايونلىرى مەبلەغ سالماقچى بولغان كارخانىلارنىڭ «ئىش، ۋەزىپىلىرىنى بولۇشىغا ئۈستىگە ئېلىۋالماي»، «ئورۇقنى تاشلاپ سېمىزنى تاللاپ»، مۇھىم، نۇقتىلىق كارخانىلارنى نىشانلاپ مۇھىم، نۇقتىلىق خېرىدار چاقىرىپ، ماكانلاشقان كارخانىلارنىڭ سان ـ سۈپىتىنى تەڭ ئۆستۈرۈپ، باغچە رايونىنىڭ تىپ ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

سانجى دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى كەسىپلەر زەنجىرىنى چۆرىدەپ زەنجىر بەرپا قىلدى، زەنجىرنى كۈچەيتتى، زەنجىرنى ئۇزارتتى، زەنجىرنى تولۇقلىدى. بۇ يىل 4 ـ ئايدىن بۇيان، ئاۋىياتسىيە ئۇچۇش لاگېرى تۈرى، شىنجاڭ تىيانشان ئۇن كەسپى باغچىسى قاتارلىق مۇھىم تۈرلەردە كەينى ـ كەينىدىن ئىش باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاۋىياتسىيە ئۇچۇش لاگېرى تۈرى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى دۆلەت دەرىجىلىك ئۇچۇشتا ئۆلگە كۆرسىتىش لاگېرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىل، كۈيتۇن ـ مايتاغ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىر تۈركۈم يىرىك تىپتىكى كارخانىلار ۋە «چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، بۇلغىما قويۇپ بېرىدىغان» 38 كىچىك كارخانىنى تاقاپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ زامانىۋى نازۇك، ئىنچىكە خىمىيە سانائىتى، زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق پەن ـ تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، مەھسۇلات پايدىسى زور، مۇھىتنى بۇلغىشى ئاز يېڭى كەسىپلەر يۆنىلىشىگە بۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ شىنجاڭ ھەتتا غەربىي رايوندا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نېفت ـ خىمىيە كەسپى بازىسى ۋە ئامباردا ساقلاش ئەشيا ئوبوروتى مەركىزىنى بەرپا قىلىپ، غەربكە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى، ئىمپورت قىلىنغان ئېنېرگىيە بايلىقىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى، تاۋارلارنى ئوتتۇرا يولدا يىغىش ـ تارقىتىش بازىسى قۇرۇپ چىقتى.

## ■ قۇرۇلۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش تەرەققىيات زاپاس كۈچى توپلاش

ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا، جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى دەرۋازىسىنىڭ ئالدى ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە، قورغاس جەمئىي كۈتۈۋالغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچى 6 مىليون 250 مىڭ 700 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 52.9% ئاشتى.

ئوخشاشلا، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىدا، ھەممىلا يەردە قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئالدىراش مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئارقىلىق ئىمپورت قىلىنغان بۇغدايلار ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا بىۋاستە كىرگۈزۈلۈپ ئۇن قىلىپ پىششىقلىنىدۇ. جىنشاخې ئۈنچىلىقى، جېنديې توقۇمىچىلىقى، ۋەنجيا داۋالاش... ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا ماكانلاشقان تۈرلۈك كارخانىلار 500دىن ئاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات ئىسمائىل تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى ئېگىزلىك بەرپا قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى دۆلەت دەرىجىلىك باغچە رايونلىرى تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، باغچە رايونلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرە، تېخىمۇ كەڭ ساھە، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى رىقابەتكە قاتنىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك باغچە رايونلىرىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرمەكتە.

ئىسلاھات تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى، مۇھىت مېھمانلارنى جەلپ قىلدى. ھازىر، شىنجاڭدىكى دۆلەت دەرىجىلىك باغچە رايونلىرى زامانىۋى كەسىپلەر سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، كەسىپلەرنىڭ تىپ ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولماقتا. ئاپتونوم رايون باغچە رايونلىرىدىكى كارخانىلارنىڭ رەقەملىك كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇت، ئەقلىي ئىقتىدارلىق سېخ قاتارلىقلارنى قۇرۇشىنى قوللىدى ھەم باغچە رايونلىرىغا ئىسلاھاتتا تېخىمۇ چوڭ ئۆز ئىشىغا ئىگە بولۇش ھوقۇقى بېرىپ، بازارلاشتۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىشنى تېزلىتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ۋە تىجارەت سۈپىتىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى، ئادەم ئىشلىتىش ۋە خىزمەتنى باھالاش مېخانىزمى قاتارلىقلارنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەمۇرىي تەستىق، ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجراسى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، سىياسەت يېڭى ئېگىزلىكى بەرپا قىلدى.